شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# يۇرت سېغىنىشنى ساقلاپ قېلىش يېڭى قىياپەتنى نامايان قىلىش

## —— ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش يېزا - كەنتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى

باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن يۇقۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

«مەن يۇرتۇمنىڭ كىچىك ئېقىنلىرىنى، يەنە دەريا بويىدىكى غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان سۇ تۈگمىنىنى سېغىنىمەن...» ھەربىر كەنتكە جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، سېغىنىشى مۇجەسسەملەنگەن.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: گۈزەل يېزا - كەنت قۇرۇشتا، «كەڭ كۆلەمدە چېقىش، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ قەدىمكى كەنتلەرنى ياخشى قوغداش كېرەك»؛ يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىدا جەزمەن يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولدا مېڭىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىش، «يېزا يۇرتقا ئەھمىيەت بېرىش، يېزا - كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش، يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇلارنى ساقلاپ قېلىش، يۇرت سېغىنىشنى ئەستە ساقلاش» كېرەك.

ئالاقىدار تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ پائال ئاۋاز قوشۇشى ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كەنتلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش سالمىقى مىسلىسىز، نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى؛ «گۈزەل يۇرت سېغىنىشى» ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، يېزا - كەنت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇلدى.

### «ساتئىر يۇشيۇ»: «قەدىمىي» پۇراق ئۈزۈلمەي داۋاملىشىش يېڭى سېھرىي كۈچ يىراقتا تارقىلىش

«ساتئىر يۇشيۇ» —— لى دېچاڭ يۇرتىنىڭ «تاغ» «كۆل»لىرى ئارىسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن مەنزىرىسىنى ئۆز ھويلىسىنىڭ سىرتىدىكى تامغا سۈرەتلەپ يازدى.

لى دېچاڭنىڭ يۇرتى يۈننەن ئۆلكىسى دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دالى شەھىرىنىڭ ۋەنچياۋ بازىرى گۇشېڭ كەنتى بولۇپ، كۆك كاھىش، ئاق تاملىق كەنتنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساڭشەن تېغى، ئالدى تەرىپىدە ئېرخەي كۆلى بولۇپ، بەيزۇلارنىڭ تىپىك ئەنئەنىۋى كەنتى.

لى دېچاڭنىڭ ھويلىسى ئازادە، يورۇق، پېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ئەگمە، راۋاق، دالدا تام بىرلەشتۈرۈلگەن بەيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «بۇ ھويلىنى مەن 1997 - يىلى سالغان» دېدى لى دېچاڭ.

2015 - يىلىنىڭ بېشىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈننەندە خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، لى دېچاڭنىڭ ئۆيىگە كىردى. لى دېچاڭنىڭ تام - تورۇس ۋە لىم - تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن ئۆيىنى، رەتلىك - پاكىز ھويلىسىنى، بولۇق ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرۈپ، باش شۇجى تولىمۇ خۇشال بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ يەرنىڭ مۇھىتى رەتلىك، پاكىز ئىكەن ھەم قەدىمىي ئۇسلۇب ساقلىنىپتۇ، بۇنداق ھويلا غەربچە ئۆيلەردىن ياخشى، يۇرت سېغىنىشى ئەستە ساقلىنىدۇ».

«باش شۇجىنىڭ سۆزى بىزگە ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈردى.» لى دېچاڭ مۇنداق دېدى: «ئېرخەي كۆلىنى ياخشى قوغداپلا قالماي، بەيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرالغۇلىرىنىڭ قىياپىتىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. تەبىئىي مەنزىرە بىلەن گۇمانىتارلىق مەنزىرىنىڭ ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ».

بىرقانچە يىلدىن بۇيان، گۇشېڭ كەنتى «قەدىمىي ئىمارەتلەرنى قوغداش، يېڭى ئىمارەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، تېخى ئىش باشلانمىغان ئىمارەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش، كونا ئىمارەتلەرنى ئۆزگەرتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىمارەت سېلىشقا زەربە بېرىش»تەك خىزمەت پىكىر يولىغا ئاساسەن ئىمارەت، تۇرالغۇلارنىڭ ئۇسلۇبىنى تۈزەشنى يولغا قويۇپ، كۆك كاھىش، ئاق تاملىق، يانتۇ ئۆگزىلىك، سۇس سىياھ رەسىملىك بەيزۇ تۇرالغۇ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ كەلدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، كەنت ئىچىدە «ئۈچ لىنىيىنى يەرگە كىرگۈزۈش» قۇرۇلۇشى تاماملانغان، ئاساسلىق يوللار قاتتىقلاشتۇرۇلغان، كېڭەيتىلگەن، بىرقەدەر قويۇق تارىخىي ۋە مىللىي مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە يەتتە ئائىلىلىك بەيزۇ قەدىمىي ھويلىسى ۋۇسكا ئېلىنىپ قوغدالغان، فېڭمىڭچياۋ كۆۋرۈكى، قەدىمىي سەھنە قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمىي ئىزنالىرى ئەينەن رېمونت قىلىنىپ ياخشىلانغان.

بۇ گۈزەل گۇشېڭ كەنتىدە ئاسمان تېخىمۇ «پاكىز»، كۆل سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك، مۇھىت تېخىمۇ رەتلىك - پاكىز...

### «كونا ئۆيلەرنى قۇتقۇزۇش»: كەنتلەرنى جانلاندۇرۇش ھاياتىي كۈچىنى قايتا ئۇرغۇتۇش

جەنۇبىي خۇنەندىكى تاغنىڭ ئىچكىرىسى، لەنشەن ناھىيەسىنىڭ ستاڭيۇ بازىرى خۇشى كەنتى. تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى يىللىرىدىلا ھەرخىل رەڭلىك ئۇچقۇن چىقىرىدىغان پوجاڭزا بار بولغان بۇ مىڭ يىللىق قەدىمىي كەنت 2016 - يىلى 4 - تۈركۈمدىكى «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتلەر تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

2018 - يىلى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، خۇشى كەنتى «كونىنى ئەسلىي پېتى رېمونت قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، قەدىمىي سەھنە، قەدىمىي ھويلا قاتارلىق 3000 كۋادرات مېتىرغا يېقىن رايوندا مەدەنىيەت يادىكارلىقى گەۋدىسىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى؛ پول، كاھىش، رېشاتكىلارنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئات باشلىق تام، چەمىلدىق، ئىشىك - پەنجىرە قاتارلىق بۆلەكلەرنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قەدىمىي كەنتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قايتا ئۇرغۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە خاتىرە سارىيى قۇرۇپ، 1934 - يىلى قىزىل 6 - جۈنتۈەن ئۇزۇن سەپەر قىلىپ خۇشىدىن ئۆتكەن چاغدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

2016 - يىلدىن بۇيان، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش فوندى جەمئىيىتى يولغا قويغان ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش ئاممىۋى مەنپەئەت تۈرى —— «كونا ئۆيلەرنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى»نىڭ جايلاردا ئالغا سىلجىتىلىشىغا مەدەت بەردى.

فۇجيەن ئۆلكىسى نىڭدې شەھىرى پىڭنەن ناھىيەسىنىڭ شىلىڭ يېزىسى لۇڭتەن كەنتى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئەسلىي نوپۇسى 1400دىن ئارتۇق بولغان كەنتتە دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالە 200گە يەتمەيتتى، بىر قىسىم كونا ئۆيلەر ئۇزاق يىل رېمونت قىلىنمىغاچقا، خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى؛ كەنتتە ئەسلىدە مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى 120دىن ئارتۇق ئىمارەت بولۇپ، كۆپىنچىسى چېقىۋېتىلگەنىدى.

2017 - يىلى 5 - ئايدا، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، لۇڭتەن كەنتى «كونا ئۆيلەرنى قۇتقۇزۇش»، قەدىمىي كەنتنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىدى.

«قەدىمىي ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىز پىشقەدەم ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - تېخنىكا ئارقىلىق رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردۇق.» كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى شيا شىڭيۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار يەنە يېڭىلىق يارىتىپ «15 يىل ئىجارىگە بېرىش» يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىجتىمائىي مەبلەغنى قەدىمىي تۇرالغۇلارنى رېمونت قىلىشقا جەلپ قىپتۇ.

«كىم ئۆي ئىجارە ئالسا شۇ رېمونت قىلىش، ئىجارىگە ئالغۇچى بىلەن 15 يىللىق توختام ئىمزالاش، 15 يىل ئىچىدە ھەر يىلى ھەر كۋادرات مېتىرغا پەقەت ئۈچ يۈەن ئىجارە ھەققى ئېلىش.» شيا شىڭيۇڭ مۇنداق دېدى: ھازىر لۇڭتەن كەنتىدە 32 يۈرۈش قەدىمىي تۇرالغۇدا بۇ ئۇسۇل قوللىنىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 100دىن ئارتۇق ئادەم قەدىمىي تۇرالغۇنى ئىجارىگە ئېلىپ رېمونت قىلىشقا، ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىشقا جەلپ قىلىندى.

تاشلىنىپ قالغان كونا ئۆيلەر ئىجارىگە ئېلىنىپ رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، ھەم كەنتنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ساقلىنىپ قالدى، ھەم يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ ھالىتى تەرەققىي قىلدى. جياڭشىلىق زىلڭ ۋېي لۇڭتەن كەنتىنى تونجى كۆرۈپلا، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ كەنتتىكى 100 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بىر كونا ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنى كىتاب ئوقۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان «ئۆزى ئىشلىتىش + تەڭ بەھرىمەن بولۇش» تۇرمۇش بوشلۇقى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، «كونا ئۆيلەرنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» ھۆكۈمەت ھاۋالە قىلغان، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار يۈرۈشتۈرىدىغان، نازارەت قىلىدىغان، باشقۇرىدىغان تۆر يولغا قويۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا جەلپ قىلغان. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىمارەتلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ يېڭى مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقانلارنى كەنتكە قايتىپ يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كەنتلەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتۇپ، ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالغان.

### يېزا - كەنتلەر «توردا ئالقىشلىنىش»: سېھرىي كۈچى ھەسسىلەپ ئېشىش گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش

قۇتقۇزۇش، قوغداش، پايدىلىنىش قەدىمىي كەنتلەرنى «يېڭى بايلىق»قا ئىگە قىلدى.

توپا - ياغاچتىن سېلىنغان قاتار - قاتار تۇرالغۇلار قەدىمىي، ئاددىي، جىمجىت، گۈزەل ئىدى، ھەربىر سېپىلىك تىياتىرى لەرزان، مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى... بۇلارنى مۇخبىر لۇڭتەن كەنتىگە كىرىپ ھېس قىلدى.

«بىز قەدىمىي كەنتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بىرلا ۋاقىتتا ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر قېزىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، كەنتنى ھەقىقىي 'جانلاندۇردۇق'» دېدى شيا شىڭيۇڭ.

لۇڭتەن كەنتىدە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى —— سېپىلىك تىياتىرى ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىنى «جانلاندۇرۇش» ئۈچۈن، لۇڭتەن كەنتى سېپىلىك تىياتىرى مۇزېيى قۇرۇپ، تىياتىر ئۆمىكىنى قايتىدىن تەسىس قىلدى؛ خۇڭچۇ ئىشلەش ۋە سىرىق ھاراق ئېچىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۆلكە دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، كەنتتە يەنە مۇزېي قۇرۇلدى.

قىسقىغىنا بىرنەچچە يىلدا، لۇڭتەن كەنتىنىڭ قەدىمىي ئۆيلىرى رېمونت قىلىنىپ يېڭىلىنىپ، ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى؛ دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالە ئەسلىگە كېلىپ 600 ئادەم ئەتراپىغا يەتتى؛ ئاممىۋى مەدەنىيەت رەسىمخانىسى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، سېپىلىك تىياتىرى مۇزېيى، سىرىق ھاراق مۇزېيى، قەھۋەخانا، كۇتۇپخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن قالاق كونا كەنت ساياھەتتە «توردا ئالقىشلانغان كەنت»كە ئايلاندى.

«بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ساياھەتچىلەر تولۇپ كېتىدۇ، ھەپتە ئاخىرىدا بىرەر ياتاق تېپىشمۇ ناھايىتى تەس، دېھقانلار ئاشپۇزۇللىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىشىلەر دائىم ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرىدۇ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودىسى جانلىنىپ كېتىدۇ» دەپ خۇشال ھالدا تونۇشتۇردى لۇڭتەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن شياۋجېن.

ئىگىلىنىشىچە، 2014 - يىلدىن بۇيان، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 270 مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارلىق جۇڭگودىكى توپ تۇتاش ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى تاللاپ، ئومۇميۈزلۈك قوغداش، پايدىلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. 2018 - يىللىق باھالاش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 51 ئورۇندىكى ئەنئەنىۋى كەنتتە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تۈرىنىڭ تاماملىنىش نىسبىتى %84كە يېتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىخەتەرلىككە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىنغان ھەم شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنغان.

«قوغدالغان كەنتلەرنىڭ يېرىمىنىڭ كىرىمى تۇرۇشلۇق ناھىيەنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى، %70 كەنتنىڭ ساياھەت كىرىمى %40كە يېقىن ئاشتى» دېدى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇڭ شىنچاۋ.

بۇ يىل يازلىق تەتىلدە، خاڭجوۋدىن دالىغا ساياھەتكە كەلگەن جوۋ دۇڭمېي خانىمنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ جان گۇشېڭ كەنتىدىكى خې لىچيېنىڭ پۇقراۋى قونالغۇسىدا بىر كېچە قونۇش ئۈچۈن، كۈنىمىدىن زاكاز قىلغان مېھمانسارايىنى قايتۇردى.

«بىز گۇشېڭ كەنتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە مەززىلىك تائاملىرىغا مەپتۇن بولۇپ قالدۇق» دېدى جوۋ دۇڭمېي كۈلۈپ تۇرۇپ.

«ساتئىر يۇشيۇ»نىڭ خوجايىنى لى دېچاڭمۇ ئورۇن چىقىرىپ، شياگۇەنتو چېيى، خېجىڭ كۆمۈش بۇيۇملىرى قاتارلىق يەرلىك داڭلىق مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلدى، ساتتى. «ھەر كۈنى كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ» دېدى لى دېچاڭ خۇشال ھالدا.

بۇ يىل تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىقى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئالتە تارماق 5 - تۈركۈمدىكى جۇڭگودىكى 2666 ئەنئەنىۋى كەنتنى ئېلان قىلدى. جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ ئومۇمىي سانى 6819غا يەتتى.

**(مۇخبىرلار لى زىلياڭ، دىڭ يىچۈەن، شى يۈشېن، دۇڭ جيەنگو، لىيۇ ۋاڭمىن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاخبارات مەركىزى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، بېيجىڭ داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاخبارات مەركىزى بېيجىڭ مېدىيا مەركىزىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاخبارات مەركىزى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى تەشكىللەيدۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت پائالىيەتلىرىنى ئالاقىلىشىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەم ئاخبارات مەركىزى ھۆكۈمەت تەرەپ تور بېكىتى ۋە ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى تەسىس قىلىپ، مۇخبىرلارنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى زىيارەت قىلىشى، خەۋەر قىلىشىنى زۆرۈر ئۇچۇر مۇلازىمىتى ۋە تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇخبىرلىرى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇخبىرلىرى، تەيۋەن رايونىنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارەت ئىلتىماسى سۇنۇشىغا قولاي بولۇش ئۈچۈن، يىغىندا مۇخبىرلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش سىستېمىسى ئېچىلدى. (ساھە نامى: http://reg70prc.zgjx.cn)، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مۇخبىرلىرى ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ بۇ سىستېما ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى سۇنۇشىنى قارشى ئالىمىز. زىيارەت ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باشلىنىپ، 2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا كېلىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى بەرپا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ كارخانىلارنىڭ غېمىنى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ سۈپەتلىك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىش، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىش كېرەك.

خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ كوچا باشقارمىسى خەلق يولى مەھەللىسىدە، چېن چۈەنگو مەھەللە كادىرلىرى ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە مەھەللىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى يوقلاپ ھال سورىدى، ھەر مىللەت ئاھالىلىرىنى زىيارەت قىلدى، داۋالاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇش، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە خەلققە قولاي مۇلازىمەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: خەلقنىڭ ئىشىدا كىچىك ئىش يوق، نۇرغۇنلىغان خىزمەت ئاساسىي قاتلامدا، مەھەللە ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلى، ھېسسىيات بىلەن، مەسئۇلىيەت بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشىنى تىرىشىپ ياخشى قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو يەنە خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسى توپچا مەسچىتىگە بېرىپ دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، كەڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىنىي بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز پۇختا ئۆگىنىپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىر ۋە تېخىمۇ پۇختا ئىستىل بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى كۈچەپ قوغداپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەپ مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش كېرەك. دىن خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا بولغان يېتەكچىلىك، قوغداش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە كۈچەپ غەلىبە قىلىپ، دىققەتنى ئېغىر نامراتلىقتا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، چېكىنىپ چىقىش مېخانىزمىنى چىڭىتىپ، سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.